# 2730 - تەراۋىھ نامىزى بىلەن كېچىلىك نامازنىڭ ئارىسىدا پەرق بارمۇ؟

## سوئال

كېچىلىك ناماز بىلەن تەراۋىھ نامىزىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نىمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

تەراۋىھ نامىزى بولسا كېچىلىك نامىزىنىڭ ئۆزى، كۆپچىلىك كىشىلەر ئويلىغاندەك ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ناماز ئەمەس، كېچىلىك ناماز رامزاندا تەراۋىھ دەپ ئاتالغان، چۈنكى ئىلگىرىكى كىشىلەر- ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن- ھەر ئىككى رەكەت ياكى تۆت رەكەت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن كېچىلىك نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، ئەجىر-ساۋاپ پۇرستىنى غەنىمەت بىلىپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە بايان قىلغان ياخشىلىقىغا نائىل بولۇش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ ئارام ئالاتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رامزاننىڭ كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشىنىپ، ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ تۇرغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدى.» [بۇخارى رىۋايىتى36-ھەدىس].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.